# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2021 ـ يىل 2 ـ ئاي
26
جۈمە
维吾尔文 2 月26日
25344 ـ سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تىرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى    مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W    پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57    تىيانشان تورى: www.ts.cn

## شى جىنپىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا فىرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرون، كولومبىيە زۇڭتۇڭى دۇك بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كەچتە فىرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرون بىلەن تېلېفونلاشتى.

ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى ئۆزئارا چاغانلىق سالام يوللىدى، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا فىرانسىيە ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 2020 ـ يىلى بىز بەش قېتىم تېلېفونلىشىپ، جۇڭگو ـ فىرانسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردۇق. بىز ھاسىل قىلغان ئورتاق تونۇش ناھايىتى ياخشى ئەمەلىيلەشتى. يېڭى بىر يىلدا، ئىككى تەرەپ غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، جان تىكىپ ئىلگىرىلەيدىغان كالا روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، قول تۇتۇشۇپ جۇڭگو ـ فىرانسىيە مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈشكە تۆرتكە بولۇشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش ـ تەقدىرلەش يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

## شى جىنپىڭ مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەرەپ نامىغا ئېرىشكۈچىلەر قاتارلىقلارغا مۇكاپات تارقىتىپ بەردى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى

### لى كېچياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى    ۋاڭ ياڭ تەقدىرلەش قارارىنى ئوقۇدى    لى جەنشۇ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتناشتى



2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش ـ تەقدىرلەش يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندىن ئىلگىرى، شى جىنپىڭ قاتارلىقلار مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەرەپ نامىغا ئېرىشكۈچىلەر، مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغار شەخسلەر، ئىلغار كوللېكتىپلار ۋەكىللىرى، مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەرەپ نامىغا يەككە ئېرىشكۈچىلەر ۋە مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋەكىللىرى قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى ھەم كۆپچىلىك بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى



2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش ـ تەقدىرلەش يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى يەن يەن فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش ـ تەقدىرلەش يىغىنى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەرەپ نامىغا ئېرىشكۈچىلەر قاتارلىقلارغا مۇكاپات تارقىتىپ بەردى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى كۈتۈۋېلىنىۋاتقان مۇھىم پەيتتە، دۆلىتىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى 98 مىليون 990 مىڭ نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 832 نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسى نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتتى، 128 مىڭ نامرات كەنتنىڭ ھەممىسى نامراتلىق قاتارىدىن چېكىنىپ چىقتى، رايون خاراكتېرلىك ئومۇمىي نامراتلىق ھەل قىلىنىپ، مۇتلەق نامراتلىقنى تۈگىتىشتەك مۈشكۈل ۋەزىپە تاماملاندى، تارىخ سەھىپىسىدە چاقناپ تۇرىدىغان يەنە بىر جاھان مۆجىزىسى ياراتىلدى! بۇ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شەرىپى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۇلۇغ شەرىپى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ شەرىپى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئۇلۇغ ئىش ئۇلۇغ روھنى يارىتىدۇ، ئۇلۇغ روھ ئۇلۇغ ئىشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇلۇغ كۈرەشنى «يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە بولۇش، پۈتۈن كۈچلەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇش، دەل جايىدا ـ ئەمەلىي بولۇش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىق»تەك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش روھىنى تاۋلىدى، شەكىللەندۈردى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش روھى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خاراكتېرى ـ ئاساسىي مەقسىتى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىرادىسى ـ پەزىلىتى، جۇڭخۇا مىللىتى روھىنىڭ جانلىق كارتىنىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم، سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مەركەزلىك نامايەندىسى، جۇڭگو روھى، جۇڭگو قىممىتى، جۇڭگو كۈچىنىڭ تولۇق نامايەندىسى بولۇپ، ئۇلۇغ مىللەت روھى ۋە دەۋر روھىنى داۋاملاشتۇردى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدى. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن جەمئىيەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، باتۇرانە كۆرەش قىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى بارلىق قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ ـ خەتەرلەر ئۈستىدىن قەتئىي غالىب كېلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېڭى، تېخىمۇ زور غەلىبىسىنى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

لى كېچياڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، ۋاڭ ياڭ تەقدىرلەش قارارىنى ئوقۇدى، لى جەنشۇ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتناشتى.

خەلق سارىيىنىڭ چوڭ زالىدا كەيپىيات تەنتەنىلىك، قىزغىن ئىدى. رەئىس سەھنىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش ـ تەقدىرلەش يىغىنى» دېگەن يىغىن بەلگىسى ئېسىلغان، كەينىدىكى پەردىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت گېربى ئېسىلغان، ئون قىزىل بايراق ئىككى تەرەپكە تىزىلغانىدى. 2 ـ قەۋەتتىكى كۆرۈش سۇپىسىغا ئېسىلغان لوزۇنكىغا: «يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلايلى!» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى.

سائەت 10دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە يىغىن باشلاندى. ئازادلىق ئارمىيە ھەربىي ئوركېستىرى «پىدائىيلار مارشى»نى ئورۇنلىدى، پۈتۈن مەيداندىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ دۆلەت شېئىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇدى.

ۋاڭ ياڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەرەپ نامىنى بېرىش توغرىسىدىكى قارارى»نى ئوقۇدى. قارار‌دا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئىلغارلارنى داغدۇغىلىق تەقدىرلەپ، رىغبەتلەندۈرۈپ، مىللەت روھى، دەۋر روھى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى، شەرەپ تۇيغۇسىنى تولۇق قوزغاپ، تېخىمۇ قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەپ ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ماۋ شياڭلىن قاتارلىق ئون يولداشقا، خېبېي ئۆلكىسى سەيخەنبا ماشىنىلاشقان ئورمانچىلىق مەيدانى قاتارلىق ئون كوللېكتىپقا «مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەمۇنىچى» دېگەن شەرەپ نامى بېرىشنى قارار قىلدى. **(قارارنىڭ تولۇق تېكىستى 3 ـ بەتكە بېرىلدى)**

«ۋەتەن قەھرىمانلىرىغا ئېھتىرام» دېگەن ھەيۋەتلىك مۇزىكا ساداسى ئىچىدە، شى جىنپىڭ مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەرەپ نامىغا ئېرىشكۈچىلەرگە بىرمۇبىر مېدال، گۇۋاھنامە، تەقدىرنامە تارقىتىپ بەردى ھەم ئۇلارنى تەبرىكلىدى. پۈتۈن مەيداندا ئۇزۇلمەي قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىدى.

ۋاڭ ياڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغار شەخسلەر ۋە ئىلغار كوللېكتىپلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارارى»نى ئوقۇدى. **(قارارنىڭ تولۇق تېكىستى 3 ـ بەتكە بېرىلدى)**

شى جىنپىڭ قاتارلىقلار تەقدىرلەنگەن شەخسلەر ۋە كوللېكتىپلار ۋەكىللىرىگە مۇكاپات تارقىتىپ بەردى.

پۈتۈن مەيداندىكىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە، شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى.

شى جىنپىڭ ئالدى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن، تەقدىرلەنگەن ئىلغار شەخسلەر ۋە ئىلغار كوللېكتىپلارنى قىزغىن تەبرىكلىدى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشقا تۆھپە قوشقان ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرى ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، يېزىلاردىكى كەڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئامما، كەنتتە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجىلار ۋە خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى، پىدائىيلار، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار، خەلق تەشكىلاتلىرى ھەمدە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەرگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئاكتىپ قاتناشقان ۋە ئۇنى قوللىغان شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى قېرىنداشلار، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى قېرىنداشلار، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ھەمدە چەت ئەللەردىكى چياۋمىن قېرىنداشلارغا، جۇڭگونىڭ نامراتلار سانىنى ئازايتىش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ياردەم بەرگەن ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى، خەلقئارا تەشكىلاتلار، چەت ئەللىك دوستلارغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## پەيزاۋات ناھىيەلىك سۇچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى لىيۇ خۇ مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەرەپ نامىغا ئېرىشتى

### شىنجاڭدىن 81 شەخس ۋە 62 كوللېكتىپ تەقدىرلەندى

ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **ۋاڭ يۈجاۋ** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش ـ تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ئون شەخس، ئون كوللېكتىپقا مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەرەپ نامى بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، پەيزاۋات ناھىيەلىك سۇچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى لىيۇ خۇ مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەرەپ نامىغا ئېرىشتى. يىغىندا يەنە مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى 1981 ئىلغار شەخس، مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى 1501 ئىلغار كوللېكتىپ تەقدىرلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭدىن جەمئىي 81 شەخس ۋە 62 كوللېكتىپ مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغار دېگەن نامغا ئېرىشتى.

لىيۇ خۇ 2016 ـ يىلى 11 ـ ئايدا پەيزاۋات ناھىيەلىك سۇچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن بۇيان، نامرات نوپۇسنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ سۇ سەۋەبىدىن كېسەل بولۇش، كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، كوللېكتىپنى يېتەكلەپ سۇ مەنبەسى ئىزدەپ، لىنىيەلەرنى چارلاپ، لايىھە بېكىتىپ، بۆلەك ئايرىمىسى سىزدى. ئۆزىنىڭ ئۆپكە راكى بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىغان ئەھۋالدىمۇ، يەنىلا پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدىكى ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىك قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن كۆرەش قىلىشتا چىڭ تۇردى. 2020 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، قۇرۇلۇشتا ئومۇميۈزلۈك سۇ يەتكۈزۈلدى ھەم ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلدى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئوقۇش يېتەكچىسى

## ئالىي ئىززەت ـ ھۆرمەت    يۈكسەك مەدھىيە

ــــ مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش ـ تەقدىرلەش يىغىنىدىكى بىر كۆرۈنۈش

3 ـ بەتتە

## تارىخ سەھىپىسىدە چاقناپ تۇرىدىغان جاھان مۆجىزىلىرى يارىتىلدى

ــــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش ـ تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار، ئامما ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى

4 ـ بەتتە